# ئىسلام بەش ئاساسنىڭ ئۈستىگە قۇرۇلغان

ئىسلام بەش ئاساسنىڭ ئۈستىگە قۇرۇلغان: ئاللاھدىن باشقا ئىبادەتكە لايىق ھېچ ھەق مەبۇد يوق ۋە» مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسى دەپ گۇۋاھلىق بېرىش، نامازنى بەرپا قىلىش، «زاكات بېرىش، ھەج قىلىش ۋە رامىزان روزىسىنى تۇتىشتىن ئىبارەت.
[تېكىست توغرا] [رواه البخاري ومسلم]

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئىسلامنىڭ بەش ئاساسىنى بەش تۈرۈكنىڭ ئۈستىگە قۇرۇلغان مۇستەھكەم بىر بىناغا ئوخشاتتى، ئىسلامنىڭ قالغان ئەمەللىرىنى بىنانى تولۇقلايدىغان باشقا تولۇقلىمىلارغا ئوخشاتتى. بۇ ئاساسلارنىڭ بىرىنچىسى: ئىككى شاھادەت كەلىمىسى: ئاللاھدىن باشقا ئىبادەتكە لايىق ھېچ ھەق مەبۇد يوق ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ ئەلچىسى دەپ گۇۋاھلىق بېرىش، بۇ ئىككىسى بىر ئاساس بولۇپ، بىرى يەنە بىرىدىن ئايرىلمايدۇ، ئىنسان بۇ ئىككى شاھادەت كەلىمىسىنى؛ ئاللاھنىڭ بىرلىكىنى، ئىبادەتكە يالغۇز بىر ئاللاھنىڭ لايىق ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىپ، ئۇنىڭ تەقەززاسى بويىنچە ئەمەل قىلىدۇ، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ ئەلچىلىكىگە ئېشىنىپ ۋە ئۇنىڭ سۈننىتىگە ئەگىشىپ تۇرۇپ دەيدۇ. ئىككىنچى ئاساس: نامازنى بەرپا قىلىش؛ ئۇ بولسىمۇ بىر كېچە-كۈندۈزدە پەرز قىلىنغان: بامدات، پېشىن، ئەسىر، شام ۋە خۇپتەن نامىزىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇ نامازنى پەرز، ۋاجىپ، سۈننەتلىرى بىلەن تولۇق ئادا قىلىشتۇر. ئۈچىنچى ئاساس: مالدىن پەرز قىلىنغان زاكاتنى ئايرىش، ئۇ ئىقتىسادىي ئىبادەت بولۇپ، ھەر قانداق مالنىڭ مىقدارى شەرىئەتتە بېكىتكەن مىقدارغا يەتسە ئۇنىڭدىن بەلگىلەنگەن مىقدارنى زاكاتقا ھەقلىق بولغان كىشىلەرگە بېرىشتۇر. تۆتىنچى ئاساس: ھەج قىلىش، ئۇ ئاللاھقا ئىبادەت قىلىش بىلەن مەككىدە تۇرۇپ ئادا قىلىشقا تېگىشلىك بولىدىغان پائالىيەتلەرنى ئادا قىلىشتۇر. بەشىنچى ئاساس: رامىزان روزىسى تۇتۇش، ئۇ ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىش مەقسىتى بىلەن ئەتىگەندە تاڭ يورىغاندىن باشلاپ، كەچتە كۈن پاتقۇچە يېمەك-ئىچمەك ۋە باشقا روزىنى بۇزىدىغان ئىشلاردىن ساقلىنىشتۇر.

https://www.sunnah.global/hadeeth/ug/show/66512